ئەيىبلەش

# ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا قارا چاپلاش، تۆھمەت قىلىش غەرىزى ئىنتايىن رەزىل

□ توققۇزتارا ناھىيەلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، توققۇزتارا ناھىيەسى جىرغىلاڭ يېزىسى ئوشاغاندى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەسىبدىن سەمەت

ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭغا ھە دەپ سىڭدۈرمىچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۇلار ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئېغىر بۇرمىلاپ، ھە دەپ بىمەنە سەپسەتىلەرنى كۆپلەپ تارقىتىپ، مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇترىتىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشى بىلەن، بىر قىسىم كىشىلەر قايمۇقتۇرۇلۇپ، كۈشكۈرتۈلۈپ، مەجبۇرلىنىپ، ئازدۇرۇلۇپ، تېررورلۇق پائالىيىتى، ئەسەبىيزىم پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئېغىر بەدەل تۆلىدى.

كەسكىن ۋەزىيەتكە قارىتا، شىنجاڭ بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ئاممىنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ نورمال جەمئىيەت تۇرمۇشىغا قايتىپ كېلىشىگە ياردەم بەردى. كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، تەربىيەلەنگۈچىلەر دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىپ، قانۇن ئۆگىنىپ، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىپ، ھەقسىز غىزالىنىپ، ھەقسىز يېتىپ - قوپۇپ، 24 سائەت ھەقسىز داۋالىنىش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولدى. ھۆكۈمەت تەلىم - تەربىيەنى قوبۇل قىلغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسىگە ئىجتىمائىي كاپالەت، مائارىپ، داۋالىنىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلەرنى باراۋەر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئوقۇش، داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى غەمدىن خالاس قىلدى. بىلىشىمچە، كەنتىمىزدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ياتاقلىق تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۆيىگە قايتسا بولىدىكەن، ئىشى بولسا رۇخسەت سورىسا بولىدىكەن، ھەر ۋاقىت ئۆيىدىكىلەر، دوستلىرى بىلەن ئالاقىلاشسا، تېلېفونلاشسا بولىدىكەن. تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ئەدەپلىك، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان بولغان، ئىلگىرىكى يامان ئادەتلىرىنى تۈگىتىپلا قالماستىن، يەنە رازى بولغۇدەك خىزمەت تاپقان. دەل تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنى دەل ۋاقتىدا «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قايتۇرۇپ كەلدى، قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىدىن قايتۇرۇپ كەلدى. تەلىم - تەربىيە خىزمىتى تەربىيەلەنگۈچىلەرنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى.

يېقىندا مەن تېلېۋىزوردىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭدا تەلىم - تەربىيە مەركىزى «جازا لاگېرى» «قاماق لاگېرى» دېيىلگەن، بۇنداق دېيىشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى نۇرغۇن دىنىي زات تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، مەنمۇ بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدىم، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دەرسخانىسى ۋە ياتىقىدا قىشتا پار، يازدا ھاۋا تەڭشىگۈچ بار ئىكەن، ياتىقىدا تېلېۋىزور، يەنە ھەقسىز مۇنچا بار ئىكەن، ئاشخانا ئازادە - يورۇق بولۇپ، ھەقسىز تەمىنلىگەن مۇسۇلمانچە تاماق، سەيلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، تۈرى كۆپ ئىكەن. مەن تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بويىچە ئۆز ئالدىغا تاللاپ ئەمگەك ماھارىتى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، دەرستىن سىرتقى تۇرمۇشىنىڭمۇ مول، رەڭدارلىقىنى كۆردۈم، مەن ھەقىقەتەن ئويلاپ يېتەلمىدىم، مۇشۇنداق تەلىم - تەربىيە مەركىزى قانداقلارچە «جازا لاگېرى» «قاماق لاگېرى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى؟

شىنجاڭدىكى تەلىم - تەربىيە مەركىزى توغرىسىدا بىز شىنجاڭلىقلارلا ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. بىراق، بەزى كىشىلەر ئەمەلىي ئەھۋالنى زادىلا بىلمەي تۇرۇپ، ھەتتا شىنجاڭغا زادىلا كېلىپ باقماي تۇرۇپ، قارىسىغىلا كەلسە - كەلمەس بىلجىرلاپ، كەلسە - كەلمەس قول تىقىپ، ھەق - ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇپ، پاكىتنى بۇرمىلىدى. ئەجەبا ئۇلار بۇ بىر نەچچە يىلدا ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ئېلىپ كەلگەن ئەمەلىي ياخشىلىقلىرىنى كۆرمىگەنمىدۇ؟ مېنىڭچە ئۇلارنىڭ نىيىتى يامان، غەرىزىنى بىلگىلى بولمايدۇ! ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى خالىمىغاچقا، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، گۈللىنىشى، مۇقىملىقىنى كۆرمەسكە سالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئالدىدا يەنە ئامالنىڭ بارىچە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ بوھتان چاپلايدۇ. لېكىن، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قانداق قارا چاپلىشىدىن قەتئىينەزەر، پولاتتەك پاكىت ئېنىق تۇرۇپتۇ، تەلىم - تەربىيە مەركىزى تېررورىزم، ئەسەبىيزىمنى مەنبەدىن يوقاتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە كاپالەتلىك قىلدى، تەلىم - تەربىيە مەركىزى بولمىسا، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى بولمايتتى.

ھازىر شىنجاڭ مۇقىم بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ئەسەبىي ئىدىيەنى يوقىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇقتىن يىراقلاشتى، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پەيدا بولىدىغان تۇپراق يوقالدى. بۇ ۋاقىتتا، ئامېرىكا ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى چىقاردى، ئۇنىڭ مەقسىتى شىنجاڭ ئافغانىستان، سۈرىيەدەك مالىمان بولۇپ كەتكەندە، ئۆزى يەنە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭغا ئۇيغۇر ئاممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ھەرگىز قوشۇلمايدۇ.

# تەلىم - تەربىيە مەركىزى «كېسەل داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزىدىغان» جاي

□ قەشقەر شەھىرى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەمەت جۇمە

ئۇيغۇرلاردا: «خەلق خاتىرجەملىككە ئىنتىلىدۇ، دۈشمەن مالىمانچىلىققا تەشنا.» دېگەن ماقال بار. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىشىدىكى مەقسىتى بىزنىڭ ھازىرقى تىنچ، خاتىرجەم ۋەزىيىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنى قالايمىقانچىلىققا پاتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە، قەشقەر ۋىلايىتىدە زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)لىرى ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى، بۇ زوراۋانچىلار دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئېغىر زەھەرلىشىگە ئۇچراپ، «غازات يولىدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ ئويلاپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ ھاياتىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتتى، مېنىڭ دادام جۇمە تايىر دەل دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئېغىر زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان مۇشۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزلىمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. لېكىن بىر قىسىم يامان غەرەزلىك كىشىلەر رەزىل مەقسەتتە تەلىم - تەربىيە مەركىزى توغرىسىدا قايتا - قايتا بىلجىرلاپ، ھەرخىل شەكىللەر بىلەن تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى بۇرمىلىدى، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، تەلىم - تەربىيە مەركىزى قۇرۇشقا تېگىشلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى بالدۇرراق قۇرۇلغان بولسا ياخشى بولغان بولاتتى.

مەن ئىلگىرى تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كۆپ قېتىم بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدىم، ئەمەلىيەت چەت ئەللەردىكى بەزى كىشىلەر ئېيتقاندەك ئۇنداق ئەمەس، تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئۇلار ئېيتقاندەك ئاتالمىش «جازا لاگېرى» تېخىمۇ ئەمەس. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەن تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق، ئۆي ئىچىدە قىشتا پار بار، يازدا ھاۋا تەڭشىگۈچ بار، ياتاقتا تېلېۋىزور بار ئىكەن؛ مەخسۇس داۋالاش ئۆيى بار بولۇپ، 24 سائەت ھەقسىز داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىكەن؛ زال ئىچى - سىرتىدا مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەت سورۇنلىرى بار بولۇپ، دائىم مول، رەڭدار مەدەنىيەت - تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدىكەن؛ كىتاب ئوقۇش ئۆيى بار بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا، ئۆگىنىشىگە قولايلىق يارىتىلىپتۇ؛ قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئۆيى بار بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇن قاتلىمىدىكى قىيىنچىلىقى ۋە گۇمانلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىلىدىكەن؛ پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش ئۆيى بار بولۇپ، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈنىدىكەن. بارلىق تەربىيەلەنگۈچىلەر بىردەك كۆتۈنۈش، داۋالىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتىدىن بەھرىمەن بوپتۇ، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە قاتناشتۇرۇلۇپتۇ.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن، كەسپىي ماھارەت ھەممىدە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئوقۇتۇش دەرسلىكى تەسىس قىلىنىپتۇ. دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەر دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى قوللىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشقا تېخىمۇ ياخشى سىڭىشىپتۇ. تىل ئۆگىنىش بىلەن بىللە، تەربىيەلەنگۈچىلەر يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، كىيىم تىكىش، يېمەكلىك پىششىقلاش، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، گىلەم توقۇش قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگىنىپتۇ، بەزىلەر يەنە كۆپ خىل ماھارەت ئۆگىنىپتۇ. بۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلىكى - يۆلىگەنلىكى، ئۇلارنى قۇتقۇزغانلىقى. بۇنىڭغا قارىتا، مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان ھەممىدە يېنىكرەك جىنايىتى بار كىشىلەرگە قارىتا تەربىيەلەپ، قۇتقۇزۇپ، ياردەم بېرىپ - يۆلەپ، ئۇلارنىڭ نورمال كىشىلەردەك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم بەرگەنلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن، قەتئىي قوللايمەن.

دىنىي خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ دىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلىمەن. دىنىي ئەسەبىيزىم دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن دىنىي ئەقىدىگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق، مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان كىشىلەر بولۇپ، جەمئىيەتكە بەلگىلىك خەۋپ پەيدا قىلغانلىقىنى چۈشەندىم، لېكىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارنى تاشلىۋەتمىدى. تەربىيەلەنگۈچىلەر تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە پارتىيەنىڭ مىللەت - دىن سىياسىتى ۋە قانۇن، قانۇن - نىزاملىرىنى ئۆگىنىپتۇ، نېمىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ دىنىي ئەسەبىيزىم ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ دىنىي ئەقىدىگە پۈتۈنلەي خىلاپ ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىپتۇ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ جىنايى ماھىيىتى ۋە ئېغىر خەۋپىنى ئېنىق تونۇپتۇ.

(ئاخىرى 12 - بەتتە)

# كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش دەرۋازىسىنى ئاچتى

□ ئونسۇ ناھىيەسى كومسومۇللار بازىرى تۆۋەنكى جام كەنتى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەخمەت ئوسمان

يېقىنقى بىر مەزگىلدە، مەن خەۋەرلەردىن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ زەھەرخەندە يالغان سۆز، قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىگە ھە دەپ ھۇجۇم قىلغانلىقى، قارا چاپلىغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار قىلچە پاكىت ئاساسى بولمىغان، تەكشۈرۈپ دەلىللىمىگەن ئەھۋالدا، پاكىتنى بۇرمىلاپ، ئاغزىغا كەلگەنچە جۆيلۈپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە خالىغانچە بوھتان چاپلىدى؛ ئۇلار رەڭلىك كۆزەينەك تاقاپ، كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە يامان غەرەزدە داغ تەگكۈزدى. مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ جايدا چوڭ بولغان شىنجاڭلىق، بىر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جەزمەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەينەن ئەھۋالنى سۆزلەپ، پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساختا، يالغان سۆزلىرى ۋە بىمەنە سەپسەتىلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ھەقىقەت نۇرى ئارقىلىق بىمەنە سەپسەتىنىڭ تۇمانلىرىنى تارقىتىۋېتىشىم كېرەك.

تېررورىزم، ئەسەبىيزىم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. تېررورىزم، ئەسەبىيزىمدىن ئىبارەت بۇ خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان جەمئىيەتتىكى زەھەرلىك ئۆسمىنى يوقىتىپ، خەلقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە قىممىتىنى قوغداپ، خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، خەلقنى تىنچ - خاتىرجەم جەمئىيەت مۇھىتىدا بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش دۇنيادىكى ھەربىر مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى.

شىنجاڭ دۇچ كەلگەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كەسكىن ۋەزىيىتى ئالدىدا، شىنجاڭ ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئاز ساندىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەپ قۇتقۇزدى. شىنجاڭدا قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ھەقسىز تەربىيەلەش زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)لىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزلۈمەي يۈز بېرىشنى توسۇپ، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى يوقىتىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، شۇنداقلا تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىمى ۋە قانۇن سەۋىيەسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ماھارىتى ئىگىلىتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، تېخىمۇ مۇھىمى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى.

مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىدە ئاتالمىش «جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش، ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قىلىش» ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى ئۇ قانۇن بويىچە قوللىنىلغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ئەسقاتىدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىر. بىرىنچىدىن، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇنچىللىق ئېڭى كەمچىل بولۇشقا قارىتا، مەخسۇس قانۇن بىلىملىرى دەرسى تەسىس قىلىنىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر قانۇن ئۆگىنىش، قانۇننى پىششىق بىلىش، دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭىنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىپتۇ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئاساس سېلىنىپتۇ. ئىككىنچىدىن، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپتۇ، تەربىيەلەشتە ياتاقلىق تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆيىگە قايتسا بولىدىكەن، ئۆيىدە ئىش بولسا رۇخسەت سورىسا بولىدىكەن. ئۈچىنچىدىن، تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىكەن، قىشتا ئۆي ئىچىدە پار بار، يازدا ھاۋا تەڭشىگۈچ ياكى شامالدۇرغۇچ بار، ياتاقتا تېلېۋىزور بار ئىكەن، مۇنچا تەربىيەلەنگۈچىلەرگە ھەقسىز ئېچىۋېتىلىپتۇ، يەنە داۋالاش ئۆيى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر ھەر كۈنى 24 سائەت داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىدىكەن، كىچىك كېسەللەرنى داۋالاش ئۆيىدە داۋالايدىكەن، ئېغىر كېسەللەرنى تېز سۈرئەتتە دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ قۇتقۇزۇپ داۋالايدىكەن. تۆتىنچىدىن، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن،

(ئاخىرى 12 - بەتتە)